قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# ھۇرۇن تۈلكە



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى

Scanned by CamScanner

بۇ كىتاب ئىچكى موڭغۇل ئۆسمۈر - بالىلار نەشرىياتىنىڭ 1998 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى، 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تاللاپ تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.


## ھۆرۈن تۈلكە

قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر توپلىمى (8)

---

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا خۇالۇڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 1194mm×889 ، 1/48؛ باسما تاۋىقى: 0.5
2000 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى، 2011 - يىل 4 - ئاي 7 - بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 80547 - 818 - 0

---

بىر يۈرۈش باھاسى: 10.80 يۈەن، پارچە باھاسى: 1.80 يۈەن

# ھۇرۇن تۈلكە



ئۆزگەرتىپ تۈزگۈچى: تەن جىڭ
تەرجىمە قىلغۇچى: روشەنگۈل تۇرسۇن

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى

Scanned by CamScanner

1. تۈلكە ئورمانلىقتا بىر بۆرىگە ئۇچراپ
قاپتۇ. ئۇ بۆرىگە: «بىز ئىككىمىز دوست بولاي-
لى، بىرلىكتە بوز يەر ئېچىپ، يەر تېرىيلى»
دەپتۇ.



Scanned by CamScanner



2. ئۇلار ئورمان ئىچىدىن بىر پارچە يەرنى ئاچماقچى بوپتۇ.

Scanned by CamScanner

3. تۈلكە بۆرىگە: «سەن بېرىپ دەرەخ كەس، مەن ئۇنى تىرەپ تۇراي» دەپتۇ.



Scanned by CamScanner



4. بۆرە تازا كېسىشكە باشلاپتۇ، تۈلكە دەرەخكە يۆلىنىپ دەم ئاپتۇ.

Scanned by CamScanner



5. يەر ئاغدۇرۇلۇپ بوپتۇ. يەرنى تېرىيدىغان ۋاقىت كەپتۇ،
ئۇلار بىر تاغار بۇغداي ئۇرۇقى سېتىۋاپتۇ.



6. تۈلكە يەنە: «سەن ئۇرۇق سالغىن، مەن بېرىپ قۇشلارنى ھەيدىۋېتەي، بولمىسا ئۇلار كېلىپ ئۇرۇقلارنى يەۋالىدۇ» دەپتۇ. بۆرە دۇرۇس دەپ، بېشىنى لىڭشىتىپتۇ.

Scanned by CamScanner

7. بۆرە ئېغىر تاغارنى يۈدۈپ يۈرۈپ ئۆرۈق سېلىشقا باشلاپتۇ،
تۈلكە دەرەخنىڭ كەينىگە مۈكۈۋېلىپ راسا ئۇخلاپتۇ.



8. ئورما ۋاقتى كەپتۇ. بۆرە بىلەن
تۈلكە بىرلىكتە بۇغداينى ئورۇپ تو-
شۇشقا باشلاپتۇ.



Scanned by CamScanner

9. خامان تېپىدىغان چاغدا تۈلكىنىڭ كاللىسىغا يەنە بىر خىيال كەپتۇ، ئۇ ئېيىقنى ياردەمگە چاقىرىپ كەپتۇ.



Scanned by CamScanner

10. ئۇلار خامانلىققا كەپتۇ. بۆرە بىلەن ئېيىق خامان ئاپتۇ.
تۈلكە خاماندىكى موما ياغاچنىڭ ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ.



Scanned by CamScanner



11. ئۇ پەسكە قاراپ: «سىلەر خامان ئالغاندا موما ياغاچ بەك سىلكىنىپ كېتىدىكەن، ئۆرۈلۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن مەن ئۇنى تىرەپ تۇراي» دەپتۇ.

Scanned by CamScanner

12. ئېيىق سەمىمىي هالدا: «بۇ موما ياغاچ بەك يوغان ئىكەن، سەن تىرەپ تۇرالامسەن؟» دەپ سوراپتۇ.



Scanned by CamScanner



13. تۈلكە: «خاتىرجەم بولغىن، كېرەك يوق، تۈلكە دېگەن كۈچلۈك بولىدۇ» دەپتۇ.


Scanned by CamScanner

14. ئېيىق بەك تەسىرلىنىپ كېتىپتۇ. ئۇ ھەم يوغان، ھەم سېمىز پۇتى بىلەن خاماندىكى بۇغدايلارنى راسا دەسسەپتۇ.



Scanned by CamScanner

15. بۆرە ئېيىق دەسسەپ چىقارغان بۇغداي دانلىرى-
نى يىغىپ، توختىماي سورۇشقا باشلاپتۇ.



Scanned by CamScanner



16. تۈلكە موما ياغاچنى يالغاندىن تىرىگەن بولۇپ، كۆڭلىدە تازا خۇشال بوپتۇ.


Scanned by CamScanner

17. خامان ئېلىنىپ بوپتۇ. ساڭدا مەڭگەن چوڭ دۆۋە، سامان ئوتتۇرانچى دۆۋە، بوغداي كىچىك دۆۋە قىلىنىپ ئايرىم-ئايرىم دۆۋىلىنىپتۇ.



Scanned by CamScanner

18. تۇلكە موما ياغاچتىن سىيرىلىپ چۇشۇپ، ئۇلارنى تەقسىم قىلىشقا باشلاپتۇ: «ئېيىققا چوڭ دۆۋە بېرىلسۇن، بۆرىگە ئوتتۇرانچى دۆۋە بېرىلسۇن، مېنىڭ جۇغۇم ھەممىدىن كىچىك بولغاندىن كېيىن، ماڭا كىچىك دۆۋە تەگسۇن» دەپتۇ.



Scanned by CamScanner

19. تەقسىمات تۈگىگەندىن كېيىن، ھەممەيلەن يېتىپ ئۇخلاپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا ئېيىق خاتىرجەم ياتالماي: «مېنىڭ قىلغان ئىشىم ھەممىدىن ئاز تۇرۇقلۇق، قانداقسىگە چوڭ دۆۋىنى ئالىمەن؟» دەپ ئويلاپتۇ.



Scanned by CamScanner

20. ئۇ بۇغداي دۆۋىسىدىن يېرىمىنى ئۇسۇۋېلىپ تاغارغا قاچىـ
لاپ، مەڭگەننى قالدۇرۇپ كېتىپ قاپتۇ.



Scanned by CamScanner

21. بۆرىمۇ خاتىرجەم بولالماي: «تۈلكە شۇنچىلىك جىق ئىش قىلغان تۇرۇقلۇق، نېمىشقا كىچىك دۆۋىنى ئالىدۇ؟» دەپ ئويلاپتۇ.



22. ئۇ قالغان يېرىم دۆۋە بۇغداينى ئېلىپ، جىمجىتلا كېتىپ قاپتۇ.





23. تۈلكە ئويغىنىپ قارىسا، بۇغدايلارنىڭ ئورنىدا مەڭگەن ۋە ساماننىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئاچچىقلاپ يىغلاپ كېتىپتۇ.

本书根据内蒙古少年儿童出版社 1998 年 7 月第一版，1998 年 7 月第一次印刷版本选译出版。

**懒惰的狐狸**

红蜻蜓丛书(8)

新疆美术摄影出版社出版发行
新疆新华书店经销
新疆新华华龙印务有限责任公司印刷
889 × 1194 毫米　48 开　0.5 印张
2000 年 1 月第 1 版　2011 年 4 月第 7 次印刷
ISBN 978 - 7 - 80547 - 818 - 0

总定价:10.80 元　每册价:1.80 元(维)

Scanned by CamScanner

مەسئۇل مۇھەررىرى : ماھنۇر غوپۇر
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى : ئازات بارات



ISBN 978-7-80547-818-0
9 787805 478180 >
总定价：10.80元 每册价：1.80元(维)

Scanned by CamScanner